﴿ إن اللّه اشترى من الْمؤمنِين أنفُسهم وأموالَهم بِأن لَهم الجَنةَ يقَاتلُونَ في سبِيلِ اللّه فَيقْتلُونَ ويقْتلُونَ وعدا علَيه حقا في التوراة والإِنجيلِ والْقُرآن ومن أوفَى بِعهده من اللّه فَاستبشروا بِبيعكُم الذي بايعتم بِه وذَلك هو الْفَوز الْعظيم ﴾ (تەۋبە 111 ـ ئايەت)

# جىهاد پەزىلىتى

## شەرەپلىك ئۆلۈم

- شەرەپلىك ئۆلۈم قەيەردە؟
- مۇجاھىد ئابدۇللاھنىڭ شاھادىتى

## بەختسىز ئۆلۈم

- (2)
- (3)

قېنى، سىز قانچە ئۇزاق ياشاشنى خالىسىڭىزمۇ ئۆلۈم دەل ۋاقتىدا سىزنى تاپىدۇ. سىز قايسى خىل ئۆلۈمدە ئۆلۈشنى تاللايسىز

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات مەركىزى

إن الحمد لله نحمده ونستعينه ونستغفره، ونعوذ بالله من شرور أنفسنا ومن سيئات أعمالنا، من يهده الله فلا مضل له ومن يضلل فلا هادي له، وأشهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له، وأشهد أن محمدا عبده ورسوله.

# ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ

ھۆرمەتلىك مۆھتەرەم مۇسۇلمان قېرىنداشلار! جىھادنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان تەبلىغلار سۆزلىنىپ ئۆتتى. بۇ يەردە مەن ئۆلۈم توغرىسىدا ئازراق سۆزلەپ ئۆتمەكچى، چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاخىرى ئۆلىدىغانلىقى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىپ، ھېسابقا تارتىلىپ ياكى دوزاخقا يا جەننەتكە كىرىدىغانلىقى كاللىسىدا مۇكەممەل ئورۇنلاشسا ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرەتتىكى ھالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھ رازى بولىدىغان بىر يولدا ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئاللاھ خالىسا!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ كُل نفْسٍ ذَآئقَةُ الْموت وإِنما توفونَ أُجوركُم يـوم الْقيامـة فَمـن زحـزِح عـنِ النارِ وأُدخلَ الْجنةَ فَقَد فَاز وما الْحياةُ الدنيا إِلا متاع الْغرورِ﴾

﴿ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجىرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنە بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ.)﴾(سۈرە ئال ئىمران 185 - ئايەت)

ھەدىستا مۇنداق كەلگەن: «ئەگەر ئاللاھنىڭ نەزىرىدە دۇنيانىڭ قەدىر-قىممىتى پاشىنىڭ قانىتىچىلىك بولغان بولسا كاپىرغا بىر يۇتۇم سۇ ئىچۈرمەيتتى.» (تىرمىزى)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بوغۇزلىماقچى بولغان ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمۇ دۇنيادىن كەتتى. پەيغەمبەرلەردەك خۇدالىق داۋاسى قىلغانلارمۇ دۇنيادىن كەتتى. گەپنىڭ خۇلاسىسى، بىز ئۆلۈشنى خالايلى ياكى خالىمايلى، ئۆلۈم كەلسە ئىدى دەيلى ياكى دېمەيلى، ئاخىرى ئۆلۈپ كېتىمىز. ئاللاھنىڭ بۇ قانۇنىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أينما تكُونواْ يدرِككم الْموت ولَو كُنتم فِي بروجٍ مشيدة وإِن تصبهم حسنةٌ يقُولُواْ هذه من عند اللّه وإِن تصبهم سيئَةٌ يقُولُواْ هذه من عندك قُلْ كُلٌّ من عند اللّه فَما لهؤلاء الْقَومِ لاَ يكَادونَ يفْقَهونَ حديثًا﴾

﴿قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ. ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، « بۇ ئاللاھ دىن بولدى » دەيدۇ، ئەگەر ئۇلار بىرەر زىيان زەخمەتكە ئۇچرىسا، «بۇ سەندىن (يەنى سېنىڭ دىنىڭغا كىرگەنلىكىمىزدىن) بولدى » دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد! بۇ ئەخمەقلەرگە) ئېيتقىنكى، «(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر (يەنى ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقاندۇر)». بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن، ئۇلار ھېچبىر سۆزنى ( يەنى ھەممە شەيئىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ.﴾ (سۈرە نىسا 78- ئايەت)

دۇنيا دۇنيا بولۇپ ھېچ بىر كىشى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ باققان ئەمەس. شۇنداق بولغان ئىكەن ئەي مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز

بىلىپ تۇرۇپ دۇنياغا ئالدىنىپ كەتمەيلى! بىزنى دۇنيانىڭ ۋاپاسىز نېمەتلىرى غەپلەتتە قويمىسۇن! بىز ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ چەكسىز مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغان بىر شەرەپلىك يولدا ئۆلۈشكە ھەرىكەتلىنەيلى ! ئۇ يول بولسىمۇ مانا ماۋۇ:

﴿فَلْيقَاتِلْ في سبِيلِ اللّه الذين يشرونَ الْحياةَ الدنيا بِالآخرة ومن يقَاتِلْ في سبِيلِ اللّه فَيقْتلْ أو يغلب فَسوف نؤتيه أجرا عظيما﴾

﴿دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار ئاللاھ يولىدا (جېنىنى، پۇل-مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز.﴾ (سۈرە نىسا 74- ئايەت)

*******************************************************

ئاللاھ يولىدىكى مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىپ، ئاللاھنى رەببىم، ئىسلامنى دىنىم، مۇھەممەد ﷺ نى پەيغەمبىرىم دەپ رازى بولۇپ ياشاپ يۈرگەن ئەزىز ۋە مۆھتەرەم بۇرادەرلىرىم! بىز سىلەرگە تونۇشتۇرماقچى بولغان تۆۋەندىكى بىر قىسسىدە خۇددى سىلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئالى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ يولىغا ئاتاپ تاكى ئاخىرقى نەپەسىگىچە پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدى-پەرمانىغا سادىق تۇرۇپ ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ سادىق بەندىسى، ئاللاھنىڭ كىتابىدا ۋە رەسۇلىمىز ﷺ نىڭ ھەدىسلىرىدە ماختالغان ئەزىزلىك ئۆلۈمى شاھادەت بىلەن نېمەتلەنگەن بىر مۇجاھىد بۇرادىرىمىزنىڭ شاھادەت مەنزىرىسىنى بايان قىلىپ بېرىشكە تىرىشتۇق. بۇ قىسسىنى ئاللاھنىڭ يولىنى ئىختىيار قىلىپ يۈرگەن بۇ ۋەقەگە ئۆزى گۇۋاھ بولغان، بۇ يولغا ئاتلانغىلى تېخى نەچچە ئاي بولمىغان باشقا بۇرادىرىمىزنىڭ تىلىدىن يېزىپ قالدۇردۇق.

بۇ ۋەقەدىكى بۇرادىرىمىزنىڭ شاھادەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەشتىن بولغان ئاساسى مەقسىتىمىز، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ يۈرگەن سىلەرگە ئوخشاش بۇرادەرلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولىشىنى خالىغانلىقىمىز ئۈچۈندۇر. ھەممىدە قەلبلىرىمىزدىكى ئاللاھ دىن باشقىغا بەندىچىلىك قىلماسلىق نىيىتىمىزنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىمىزدىن. خاتالىقىمىزنى ئۆز نەپسىمىزدىن دەپ بىلىمىز ۋە ئىستىغپار ئېيتىمىز. توغرا بايان قىلغان بولساق ئاللاھ دىن دەپ بىلىمىز ۋە ئۇزاتقا ھەمدۇ-سانالارنى يوللايمىز.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاللاھنىڭ يولىدا جەڭ قىلىپ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان سەلىبي (يەھۇدىي، ناسارالار) قوشۇنلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى پارچىلاپ، قەلبلىرىگە قورقۇنچ سېلىپ، ئۇيقۇ-ئارامىلىرىنى قاچۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، زەخملەندۈرۈپ يۈرگەن مۇجاھىد قوشۇنلىرىدىن بىرىگە قوشۇلۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇرۇن مەن بۇ مۇجاھىدلارنىڭ قىلغان جەڭلىرى ۋە جەڭلەردىكى باتۇرلۇقلىرى، كاپىرلارغا يەتكۈزىۋاتقان تالاپەتلىرى ھەققىدىكى قىسسەلەرنى ئۇيەر-بۇيەرلەردىن ئاڭلاپ خۇرسەن بولۇپ، روھلىنىپ يۈرەتتىم.

ئاللاھ يولىدىكى بۇنداق مۇجاھىدلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە جاسارەتلىك ئىكەنلىكى، دۈشمەنلەرنىڭ مەركەزلىرىگە قورقماستىن باستۇرۇپ كىرىپ، كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ، زەخملەندۈرۈپ، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، چېپىپ تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقلىرى ۋە بۇ مۇجاھىدلارنىڭ سانىنىڭ ئاز بولىشىغا قارىماي ئۇلاردىن كۆپ ئۈستۈن بولغان كاپىر قوشۇنلىرىنىڭ بۇلارغا كۈچى يەتمەيۋاتقانلىقى ئۈستى-ئۈستىلەپ كاپىرلار بۇ مۇجاھىدلاردىن قورقۇپ ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدىكى قىسسەلەرنى ئاڭلاپ مېنىڭ قەلبىمدە ئاللاھ يولىدا جەڭ

قىلىۋاتقــان شــۇنداق مۇجاھىــدلاردىن بــىرى بولۇشــقا ئىنــتىلىش پەيــدا بولدى.

بــۇ ئىنــتىلىش كــۆپ ئــۆتمەي نــىيەتكە ئايلانــدى. نىيــتىم قارارغــا ئايلانـــدى. دىينـــى ئۇســـتازىمدىن ئاڭلىـــشىمچە:«ئـــاللاھ ھەقـــقەتەن خالىغـــان ئـــادەمنى گـــۇمراھ قىلىـــدۇ، تەۋبە قىلغـــانلارنى ھـــىدايەت قىلىــدۇ» (رەئــد سۈرىــسى 27-ئــايەت) دېــگەن ئــايەت كەرىمــگە مۇۋاپىــق ھىجــرەتكە ئاتلانـــدىم، گەرچە ئـــۇ مۇجاھىـــدلارنىڭ جـــايلىرى ۋە مەركەزلىرىنـــى بىلمىـــسەممۇ ئـــۇلار جايلاشـــقان جايغـــا، ئۇلارنىـــڭ خەۋەرلىـــرى كېلىـــپ تۇرىــدىغان تەرەپــكە يــول ئالــدىم. ئاللاھقــا تەۋەككــۇل قىلىــپ، ئاللاھنىــڭ ۋەدىــسىنى ھەق تــاپتىم. يەنە مۇجاھىــدلارنىڭ جــايلىرىنى تېپىــپ كېلىــپ قوشـــۇلدۇم. مەن ئويلىغانـــدىنمۇ ئاســـان قوشـــۇلدۇم. ئـــاللاھ نېســـىپ قىلغــان ئىــكەن مەن كەلــگەن كۈننىــڭ ئەتــىسى مۇجاھىــدلار كــاپىرلار ئۇســتىگە نــۆۋەتتىكى ھۇجۇمغــا تەييــارلىق كۆرۈۋاتقــان ئىــكەن. بــۇرۇن مەن قىســـسىلىرىنى ئـــاڭلاپ يـــۈرگەن مۇجاھىـــدلارغا بىرلەشـــكەنلىكىمگە بىـــر تەرەپـــتىن ھەمـــدە ئېيتـــسام، يەنە بىـــرتەرەپتىن بۇنچىلىـــك ئاســـان كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.

بـــۇلار دەل ئاشـــۇلار ئىـــكەن. مەن ئـــاڭلاپ يـــۈرگەن شـــىر يـــۈرەك مۇجاھىــدلار... ئۇلارنىــڭ ئىچىــدە مەنــدىن ياشــلىرىمۇ بــار. كۆرىنىــشتىن خېلــى ياشــىنىپ قالغــان، بــۇ يېــشىدا ئىســسىق ئۆيىــدە پەرزەنــت، نەۋرىلىرى بىلەن ئولتۇرسا بولىدىغان ئاق ساقاللارنىمۇ كۆردۈم.

شـــۇنداق، ئاللاھنىـــڭ جامـــالىنى ئـــىزدەش ۋە شـــاھادەتكە ئاشـــىق بولـۇش يـاش تاللىمـاس ئىـكەن. ئـۇلار مەن بىـلەن تونۇشـقاندىن كېـيىن مېنىـــڭ جىھـــاد ئۈچـــۈن كەلگىـــنىمگە ئىـــشىنىپ ئۆزلىرىنىـــڭ يېنىـــدىكى قـــورااللاردىن بىرىنـــى بېرىـــشتى ۋە «قېنـــى، جەڭـــگە تەييـــارلان. بەختىـــڭ بــارئىكەن، ئەيــنەن جىھادقــا يېتىــپ كەپــسەن، بۇنــداق تەلەي ھەركىمــگە نېــسىپ بولىۋەرمەيــدۇ» دېــدى، ئــۇلاردىن بىــرى. بــۇ گەپ ماڭــا قــۇۋۋەت

بېغىشلىدى. مەن بۇرۇن ھەربىي تەلىم ئالغانلىقىم ئۈچۈن قورالدىن پايدىلىنىشنى بىلەتتىم. شۇ سەۋەبتىن جىھادقا روھى جەھەتتىن تەييارلىنىشنى باشلىدىم. دېگەندەك مەنمۇ ئاللاھ يولىدىكى جەڭگە كىرسەم ۋەتەنىدىكى ئۇستازىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسىدىن كەلتۈرۈپ ئېيتقان:«كىمكى ئاللاھ يولىدا تۆگىنى سېغىش مىقدارىدا جەڭ قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ» دېگەن ھەدىس شەرىپتە كۆرسىتىلگەندەك مېنىڭ بۇنداق ئۇلۇغ جىھاد ئىبادىتىگە ئېرىشكىنىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، الحمد لله.

جەڭ ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى. قارار گاھدىن دۈشمەن تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتۇق. كۈز ئاخىرلىشىپ قىش باشلىناي دەپ قالغان ۋاقىت ئىدى. ھاۋا سوغۇق، تاغلىق رايون بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئاز سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى. ھۇجۇم يېرىم كېچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە يولغا چىقتۇق. ئاي يوقلىقى سەۋەبلىك كېچە تولۇن قاراڭغۇسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسماننى قاپلاپ تۇرغان بۇلۇتلار كېچە زۇلمىتىگە زۇلمەت قوشۇپ تۇراتتى. جەڭگە كېتىۋاتقان مۇجاھىدلار ئىچىدە ئابدۇللاھ ئىسىملىك ياش بىر يىگىتمۇ بار ئىدى. بۇ كۆرۈنۈشتە مەندىن ياش بولىشىغا قارىماي خېلى جاسارەتلىك يىگىتكە ئوخشايتتى.

ئابدۇللاھنى كۆپىنچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان ياكى قۇرئان تەپسىرى ئوقۇۋاتقان ھالەتتە كۆرەتتىم. مەن بار-يوقى ئىككى كۈن بۇ مۇجاھىدلار بىلەن تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ئابدۇللاھنىمۇ ۋە باشقا مۇجاھىدلارنىمۇ ياخشى تونۇماس ئىدىم. ئابدۇللاھ تېخى ساقىلى چىقمىغان، ئايئاققىنە چىرايلىق يىگىت ئىدى. ئۇنى پەقەت شۇنچىلىك تونۇدىم.

مەن يېڭى كەلگەنلىكىم ئۈچۈن قاراڭغۇ تاغدا قىينىلىپ قالدىم. ئابدۇللاھ مېنىڭ قولۇمدىكى قورالنى ئېلىپ كۆتۈرۈپ ياردەملىشىپ

يۈرۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ دۈشمەنگە يېقىنلىشىپ قالدۇق. جەڭ قوماندانى مېنى ۋە بىر نەچچە كىشىنى ئۇ جايدىكى بىر ماشىنا يولىنىڭ ئالدىدىكى جايدا، مۇجاھىدلارنىڭ ئارقا تەرىپىنى ھىمايە قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن قالدۇردى. قالغان مۇجاھىدلار بىلەن ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەن ئۇلار بىلەن بىرگە بېرىپ دۈشمەننىڭ قەلبىگە ھۇجۇم قىلالمىغانلىقىمغا ئېچىندىم... لېكىن «بۇ يەردە تۇرۇشمۇ جىھادقۇ» دەپ ئۆزۈمنى بەزلەپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئاردىن بىر سائەت ئۆتە-ئۆتمەي مۇجاھىدلار كەتكەن تەرەپتىن قاتتىق گۈمبۈرلىگەن ۋە تاتىلداپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئاۋازىنى ئاڭلاشقا باشلىدىم.

ھە... جەڭ باشلاندى. شىددەتلىك جەڭ بولۇۋېتىپتۇ. كاپىرلارمۇ ئوقلىرىنى ئايىماي ئېتىشىۋېتىپتۇ. جان بېرىپ، جان ئېلىنىدىغان رەھىمسىز جەڭ بولۇۋېتىپتۇ. ئاسماننى يورۇتۇپ ھەر تەرەپكە چوغقا ئوخشاش قىپقىزىل ئوقلار ئۇچۇۋاتاتتى. ئەنە... دۈشمەن تەرەپتە بىر چوڭ نەرسە پارتلاپ... ئوت يېنىشقا باشلىدى. « ئاللاھۇ ئەكبەر!!!» خۇرسەنلىكىمدىن ئۇ تەرەپكە چاپقۇم كېلىۋاتاتتى. شۇ پەيتتە مەن تۇرغان گۈرۈپپىنىڭ باشلىقى «ھوشيار بولۇپ تەييار تۇرۇڭلار. ھازىر بۇ يولدىن كاپىرلارغا ياردەمچى كۈچ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ قالدى. سەل ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قاراشقا باشلىدىم. شۇ ھالەتتە جەڭ بىر سائەتچە داۋام ئەتتى. مۇجاھىدلار بىر-بىرلەپ قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئاۋۋال يېتىپ كەلگەن مۇجاھىدلار ئۆزلىرىدە بار خۇرسەنلىك بىلەن جەڭدە بولغان ۋەقەلىكلەرنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى:«ئۈچ چوڭ ماشىنىنى ۋە ئىككى يەڭگىل تىپتىكى ماشىنىنى پارتلىتىۋەتتۇق» دېدى. ئۇلاردىن بىرى. «توپ زەمبىرەكنىمۇ پارتلىتىۋەتتۇق» دېدى يەنە بىرى. «ئارقا تەرەپتىكى ئىككى تەرەپتە چىرايلىق ئۆي بار ئىدىغۇ، شۇنىمۇ

پارتلاتتۇق» دېدى، خۇرسەن بولۇپ يەنە بىرسى. يەنە ئۆزى بىلەن غەنىيمەت قىلىپ ئېلىپ كەلگەن قوراللارنى كۆرستىشكە باشلىدى. «نەچچىسى ئۆلدى» دەپ سوراپ قالدى بىراۋ. «توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچى، مەن تاشقىرىدا ئون سەككىزنى ساناندىم. ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە... يەنە نەچچىسى ئۆلگىنىنى ئاللاھ بىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى يېشى چوڭ بىر مۇجاھىد. «بىزدىن شەھىدلەر يوقمۇ؟» سورىدى بىراۋ. «ھازىرچە يوق ئەگەر ئابدۇللاھ شەھىد بولمىغان بولسا... ئۇنىڭ بىلەن ئەخمەتمۇ يارىدار ئىدى. ئەخمەتقۇ ئانچە ئېغىر ئەمەس. ئابدۇللاھقا كۆپ ئوق تەگكەن » ئاستا سۆزلىدى يەنە بىراۋ.

ئابدۇللاھ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ كەتتى. بەلكىم مەن بىلەن بىللە كەلگەن دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ 18-17 ياش ئەتراپىدىكى چىرايلىق يىگىتتۇر، بەلكى ئۇ ئەمەستۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى ئابدۇللاھ بار ئىدى. «قايسى ئابدۇللاھ؟» دەپ سورىماقچى بولدۇم-يۇ ئۆزۈمنىڭ خىيالىغا كەلگەن يامان پىكرىنىڭ راستقا چىقىپ قېلىشىدىن قورقۇپ سورىمىدىم.

ئەنە كېلىپ قېلىشتى، «سىلەر ياردەم قىلىڭلار» دېدى ۋە بىزنىڭ گۇرۇپپىنى ياردەمگە ئەۋەتتى. بىز بىر ئاز ئالدىغا باردۇق-دە بىر يارىدارنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىۋاتقان مۇجاھىدلاردىن يارىدارنى ئالدۇق. گۇمانىم توغرا چىقتى. يارىدار بولۇپ ھوشىنى بىلمەي ياتقان ياش يىگىت ئابدۇللاھ ئىدى. ئەجەبا تېخى بىر-ئىككى سائەت ئىلگىرىلا چاقچاقلىشىپ مۇشۇ يەرگىچە كەلگەن ئىدۇق. ئەمدى بولسا نەچچە يېرىگە ئوق تېگىپ ھالسىز ئېغىر نەپەس ئېلىپ يېتىپتۇ.

ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا كۆپ ئوق تەگكەن ئىدى. ئوڭ پۇتىغا ئىككى تال ئوق، سول پۇتىغا بىر تال ئوق، قولىغىمۇ بىرتال ئوق تەگكەن بولۇپ، قورسىقىدىمۇ بىرنەچچە تال ئوق ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

يەنە بىرتال ئوق ئوڭ يۈزىدىن كىرىپ سول يۈزىدىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، شۇنچە جاراھەت بولىشىغا قارىماي ئۇ ھېلىغىچە تىرىك ئىدى.

بىز ئابدۇللاھنى كۆتۈرۈپ 20 ـ 15 مىنۇت ئەتراپىدا يۈرگەندىن كېيىن بىر دەرەخ زارلىققا كېلىپ توختىدۇق. جەڭ قوماندانى ئېيتتى:«بولدى ئۇنى شۇيەرگە قويۇڭلار، ھەممەيلەن كەلدىمۇ؟ ئەخمەتنىڭ ھالى ياخشىمۇ؟»

«مانا ئولتۇرۇپتۇ، ئەلھەمدۇلىللاھ قان ئېقىش توختىدى» ـ دەپ جاۋاب بەردى بىرسى.

نۇرۇللا، ئارقىدا ھېچكىم قالمىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى ئەمىر، ئەمدىگىنە كېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان بىر مۇجاھىددىن. «ھېچكىم قالمىدى، ھەممىسى كەلدى» ـ دېدى ئۇ مۇجاھىد. «ئىنشائاللاھ ھازىر بۇ يەرگە ماشىنا كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ» ـ دېدى ئەمىر ۋە ئالدىدىكى مۇجاھىدلاردىن بىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ «مەخمۇت سەن بەش مۇجاھىدنى ئېلىپ دۈشمەن تەرەپكە بېرىپ ئۇ تەرەپنى كۆزىتىپ ئولتۇر، ماشىنا كەلگەندە قايتىسەن» ـ دېدى. يەنە بىرقانچە مۇجاھىدلار تۇرۇپ كېتىشتى.

«ئەلھەمدۇلىللاھ، كاپىرلارغا ياردەم كۈچ كەلمىدى» ـ دېدى شۈكۈر قىلغان بولۇپ بىر مۇجاھىد. گۇرۇھ ئىچىدىكى يېشى چوڭراق بىر ئاق ساقال مۇجاھىد ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ دېدى:«ئۇلار سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق زىيان زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشسا، سىلەرگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ.» (ئال ئىمران سۈرىسى 111 ـ ئايەت)

بۇ ئاللاھنىڭ سۆزى. ئاللاھ راست سۆزلىگۈچىدۇر، كۆردۈڭلارغۇ ئۇلار قانچە تېز قېچىپ كېتىشتى.»

ئۇلار ئۆز ـ ئارا سۆھبەتلەشتى مەن ۋە يەنە ئىككى مۇجاھىد بىللە ئابدۇللاھقا قاراپ ئولتۇراتتۇق. ئاستا «ئابدۇللاھ، ئابدۇللاھ، قانداق

بۇرادىرىم؟» دەپ سورىدىم. ئۇ جاۋاب قايتۇرالمىدى، پەقەت كۆزلىرىنى سەل-پەل ئاچتى-دە، يەنە يۇمۇۋالدى.

ھەي.... ئۇنىڭغا قىيىن، ئۇنىڭغا كۆپ ئوق تەگكەن .... مەيلى ئۇنى قىينىماي دەپ يۈزىدىن ئېقىپ چىققان قاننى ئاستا ئېيتىشقا باشلىدىم. شۇ پەيتتە يېنىمىزدا ئولتۇرغان ئاق ساقال مۇجاھىد... «دوختۇرغا يەتكۈزىۋالساق بەلكىم ھايات قالار ئىدى!» دىدى ئۈمىد قىلىپ پەس ئاۋازدا. ھايات قېلىشى قانداق بولاركىن، «ئىككى تال ئوق جىگەرگە تېگىپتۇ.... قىيىن » دىدى يەنە بىر مۇجاھىد ئاستا. بۇ مۇجاھىدنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا ئابدۇللاھنىڭ يېنىدا تۇرغان مۇجاھىد «ھەي كېلىڭلار، كېلىڭلار! بۇ شەھىد بولۇۋېتىپتۇ، شەھىد بولۇۋېتىپتۇ، شاھادەت كەلىمىسىنى تەكرارلايلى» ئالدىمىزدىكى ئاق ساقال مۇجاھىد ۋە يەنە بىر نەچچە كىشى ئەتراپىنى ئورىۋېلىشتى. «ھە، شەھىد بولۇۋېتىپتۇ، ئەنە قولىغا قاراڭلار» دىدى قىرى مۇجاھىد يىغلامسىراپ تۇرۇپ شاھادەت كەلىمىسىنى تەكرارلىغاچ.

مېنىڭ كۆزۈمدىن ياشلار ئەگىشكە باشلىدى. شۇ ھالىتىمدە ئابدۇللاھقا قاراشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كۆزلىرى ئاستا ئېچىلىۋاتاتتى. مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ياشلار ھېلىغىچە توختىماستىن ئەكسىچە كۆپىيىپ ئېقىشقا باشلىدى. ئەپسۇس، بىزنىڭ قولىمىزدىن ھېچنېمە كەلمىسە، شۇنچە ئادەم توپلىشىپ تۇرۇۋېتىمىز؟! ئەپسۇس، ياشقىنا بولغان بۇرادىرىمىزنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش قولىمىزدىن كەلمىسە. ھەي... شۇنچە ئاجىز بولساق، ھېچبىر چارىسى يوقمۇ؟! ھەممىمىز قېتىپ قالغانچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋېتىمىز، بىرەر ئامال تېپىشىمىز كېرەكتىغۇ....

ئىچ-ئىچىمدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇ ئەلەملىك سۆزلەرنى تېشىمغا چىقارماسلىق ئۈچۈن چىشلىرىمنى بىر-بىرىگە مەھكەم بېسىپ، بەزىدە تىلىمنى چىشلەپ ئاۋازىمنى چىقارماي يىغلاشقا

باشلىدىم. بەزىدە ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئېيتىمەن:«بۇنچىۋالا قىلىپ كەتكۈدەك بۇ سېنىڭ ئاكاڭ بولمىسا، نېمىشقا بۇنداق ئېزىلىپ يىغلايسەن، تېخى تۆنۈگۈنلا كۆرۈپ تونۇشتۇڭغۇ، بۇ قېرىندىشىڭغا بۇنچە مۇھەببەت شۇنچە تېز قەيەردىن پەيدا بولدى؟»

«مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھدىن قورقۇڭلار» (ھۇجۇرات 10 ـ ئايەت)

بۇ مۇھەببەت شۈبھىسىزكى ئىمانى مۇھەببەت ئىدى، بۇ بۇرادىرىمىز ئۆرنىدا باشقا بۇرادەر بولغاندىمۇ مېنىڭ ھالىتىم باشقىچە بولمايتتى. چۈنكى بىز مۆمىنلەر ھەممىسى بىردەك ئاكا ـ ئۇكىلارمىز.

ئەتراپتىكى بەزىلەر ئابدۇللاھقا قاراپ شاھادەت كەلىمىسىنى تەكرارلاۋېتىپتۇ. ھەرقانچە ئۇرۇنسامۇ تىلىمغا شاھادەت كەلىمىسى ئورنىغا باشقا ئايەتلەر كېلىۋېتىپتۇ. بۇ ئايەتلەر مېڭەمگە ئورۇنلىشىۋېلىپ تىلىمنى باشقا نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋاتقاندەك، پەقەت ئۆزىنىلا تىلاۋەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

﴿ فَلَوْلَا إِذَا بَلَغَت الْحلْقُوم * وأَنتم حينئذ تنظُرونَ * ونحن أَقْرب إِلَيه منكُم ولَكن لَا تبصرونَ * فَلَوْلَا إِن كُنتم غَير مدينِين *ترجِعونها إِن كُنتم صادقين * فَأَما إِن كَانَ من الْمقَرَبِين ﴾

﴿ جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا (سەكراتتىكى كىشىگە) قاراپ تۇرىسىلەر بىز (ئىلمىمىز ۋە قۇدرىتىمىز بىلەن) ئۇنىڭغا سىلەردىن يېقىنمىز، لېكىن سىلەر (ئۇنى) كۆرمەيسىلەر (يەنى بىلمەيسىلەر) ئەگەر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەلىڭلارغا قاراپ) جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار نېمىشقا ئۇنى (يەنى ئۇ مېيىتنىڭ جېنىنى بەدىنىگە قايتۇرمايسىلەر؟ ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار ئەگەر ئۇ مېيىت مۇقەررەبلەردىن (يەنى تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلاردىن) بولىدىغان بولسا، (ئۇنىڭ

مۇكاپــاتى) راھەت ـ پــاراغەت، ياخـــشى رىزىـــق ۋە نازۇنېمەتلىـــك جەنـــنەت بولىدۇ﴾ (ۋاقىئە سۈرىسى 83 ـ 89 ـ ئايەتكىچە)

ئــاھ، نېمــدېگەن تەســىرلىك ئــايەتلەر... مەن بــۇرۇن بــۇ ئــايەتلەرنى كــۆپ تــىلاۋەت قىلغــان، ئەممــا ھــازىر بــۇ ئايەتلەرنىــڭ مەنىــسىنى ھېچقاچــان بۇنچىلىــك چۈشــەنگەندەك چۈشــەنمىگەنتىم. «ئــۇنى ھاياتقــا قــايتۇرۇڭلارچۇ، ئەگەر قــادىر بولــساڭلار» دېــگەن ئــايىتى پۈتــۈن بەدەنلىرىمنـــى تىترىتـــشكە باشـــلىدى. خـــۇددى ســـۆڭەكلىرىمنى گۆشلىرىمدىن يۇلۇپ ئېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

«بــۇرادىرىمنى ئەنە شــۇ پېــشقەدەم جەننــەتلەردىن قىلــسۇن. بــۇ قۇربــانلىقنى، بــۇ تىجــارىتىنى ئــاللاھ ئــۆزى مۇكاپاتلىــسۇن!» شــۇ دۇئــالىرىم بىــلەن ئــۆزۈمنى ئــازراق قولۇمغــا ئېلىــشقا باشــلىغانىدىم، بىـــردىنلا ئابـــدۇللاھنىڭ لەۋلىرىـــدە ئاجايـــپ بىـــر تەبەســـسۇم پەيـــدا بولۇشــقا باشــلىدى. شــۇنداق تەبەســسۇمكى گويــاكى ئــۇ بىــز بىــلەن پاراڭلىــشىۋاتقاندەك، ھــازىر شــۇ تەبەســسۇمدىن كېيىن كــۆزلىرىنى ئېچــىپ ھېچنەرســە بولمىغانــدەك تــۇرۇپ كېتىدىغانــدەك ئىــدى. ئاجايــپ بىــر تەبەســسۇم.... «قــاراڭلار! ئــۇ كۈلۈۋېتىپتــۇ» دېــدى بىــراۋ. «ھايــات ۋاقتىــدا شــۇنچە بىــرگە يــۈرگەن بولــساممۇ بۇنچىلىــك چىرايلىــق كــۈلگىنىنى كــۆرمىگەن ئىــدىم» دېــدى باشــقا بىــراۋ. «ئاجايــپ...!!! ماشائاللاھ...!!!» دېدى يەنە بىر مۇجاھىد.

ئــي ئــاللاھ، ئەمــدى يىغلاشــتىن توختــاپ ئــۆزۈمنى قولۇمغــا ئېلىــشقا باشــلىغانىدىم. ئۇنىــڭ بــۇ تەبەســسۇمىدىن كېيىن، كۆكــسۈمنىڭ ئىچــىگە مۈكۈنــۈپ ئۆكــسۈپ يىغلاۋاتقــان يــۈرىكىم ئــاۋازىنى ئاشــكارا قىلىــشقا باشـــلىدى. ھـــۆركىرەپ يىغلاشـــقا باشـــلىدىم. قەلبىمنىـــڭ چوڭقـــۇر قاتلىمىــدىن يىغــا ئــارىلاش بىــر ســوئال يۇقىرىغــا ئېتىلاتتــى. بــۇ ســوئال بوغۇزۇمــدىن ئۆتــۈپ، چىــشلىرىمدىن بولغــان مۇســتەھكەم دەرۋازىلارنـــى بۇزۇپ تاشقىرىغا چىقماقچى بولاتتى.

كاشكى ئابدۇللاھ ئاڭلىغان بولسا، كاشكى ئۇ جاۋاب قايتۇرالىغان بولسا... مەن ئۇنىڭدىن سوراپ باقاتتىمكى:«سېنى نېمە كۈلدۈرىۋاتىدۇ بۇرادەر؟ نېمىگە كۈلىۋاتىسەن؟ ئەزالىرىڭ ئوقتا ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كېتىپتىغۇ! سەن كۈلىدىغان ھالەتتە ئەمەسقۇ!؟ ھە...! ئەزالىرىڭ ئاغرىمايۋاتامدۇ؟ جاراھەتلىرىڭدىن ئېقىۋاتقان قانلىرىڭ تېخى توختىمىغان ئىدىغۇ، سەزمەيۋاتامسەن؟ بۇ تەبەسسۇمىڭنىڭ مەنىسى نېمە!؟

ئەي ئاللاھ! مەن ئابدۇللاھنىڭ ئوڭ قولىدىن، ئەنە شۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقى كۆتۈرۈلۈپ قالغان قولىدىن تۇتۇپ ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمغا قارىغىنىمچە يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

﴿إِنَّا لِلّٰهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾ دېدى، يەنە بىرى. بىز ھەممىمىز بۇ ئايەتنى تەكرارلىدۇق. ئابدۇللاھنىڭ ئاستا ئۇرۇپ تۇرغان يۈرىكى سوقۇشتىن توختىدى. لېكىن ئۇنىڭ يۈزى ۋە لەۋلىرىدىكى ئۇنتۇلماس تەبەسسۇم ئۇنى تەرك قىلمىدى. كۆزلىرىمۇ ئاۋۋالقىدىن بەكراق چوڭ ئېچىلىپ، پارلاپ بىزگە قاراپ تۇراتتى. خۇددى ئۇ بىزنى خاتىرجەملەندۈرىۋاتقاندەك ئىدى.

خۇددى «مېنىڭ ئۆلۈمىمگە ئېچىنىپ، < ياش كەتتى > دېمەڭلار، ئىمانى ھەمراھىم باركى، شاھادەت مەڭگۈلۈك تىرىكلىكتۇر!» دېمەكچىدۇر. گوياكى «بۇرادەرلەر، ئەنە شۇ بىزگە ۋەدە قىلىنغان سائادەتكە يېتىۋالدىم! سىلەر غەمكىن بولماڭلار! سىلەرمۇ ھەرىكەت قىلىڭلار!» دەۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، مۇھەممەد ئىقبالنىڭ «ھەقىقى مۆمىننىڭ ئالامىتىنى بىلەي دېسەڭ، جان تەسلىم قىلىۋاتقان لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇمدىن بىلگىن» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كەلدى. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا پاكىزە ئىمان بىلەن سالامەت قەلب بىلەن قايتىۋاتقاندا ۋە ئاللاھنىڭ مۆمىن بەندىسى بولۇپ كېتىۋاتقىنىدىن خۇرسەن بولغان

هالــدا جــان تاپــشۇرۇۋاتقان بولــدۇ. شــۇ پەيتــتە ئــاللاھ تائالانــىڭ يېنىــدىن پــاكىزە بىــر نىــدانى ئاڭلايــدۇكى:« ئــى ئــارام تــاپقۇچى جــان! ســەن پەرۋەردىگارىڭــدىن مەمنــۇن، پەرۋەردىگارىــڭ ســەندىن رازى بولغــان هالــدا، ئۇنىــڭ دەرگاهىغــا قــايتقىن. ســەن مېنىــڭ (ياخــشى) بەنــدىلىرىم قاتارىغــا قوشــۇلغىن. مېنىــڭ جەننىــتىمگە كىــرگىن.» (فەجىــر سۈرىــسى 27ـ30 ئايەتلىرى)

شــۇنداق، ئابــدۇللاھ ئىــسمىگە مۇناســىپ يىگىــت ئىــدى. ئــۇ ئاللاھنىــڭ بەندىــسى ئىــدى. ئىنــشائاللاھ ئــۇ بەنــدىلىك يولىــدا قېنــى تۆكۈلــۈپ جېنــى چىقىــپ كەتكــىچە مۇستەهكەم تــۇردى. ئۇنىــڭ چىرايىغــا، كـــۆزلىرىگە قارىغانـــسېرى قـــارىغۇم كېلەتتـــى. بـــۇ كـــۆزلەر بىـــزگە قارىمايۋاتقانــدۇ. بــۇ كــۆزلەر ئاســماننىڭ يىــراق ـ يىــراق جايلىرىغــا، بــۇ دۇنيانىـــڭ تاشـــقىرىلىرىغا، ئـــۇزاق ـ ئۇزاقلارغـــا قاراۋاتقانـــدەك ئىـــدى. گويــاكى بــۇ كــۆزلەر ئۈچــۈن دۇنيانىــڭ پەردىــسى ئېلىــپ تاشــلانغاندەك، دۇنيانىــڭ ئارقىــدىكى ئاجايىــپ راهەت ـ بەخــش ۋە گــۈزەل مەنزىــرە ئــۆز قــۇچىقىنى ئېچىۋاتقانــدەك ئىــدى. رەســۇلۇللاھ ﷺ ئېيتقانــدەك:«شــەهىد جېنى چىقىشتىن بۇرۇن جەننەتتىكى جايىنى كۆرىدۇ.»

مېنىـــڭ نەزىرىمـــدە بـــۇ كـــۆزلەر جەننەتنـــى تاماشـــا قىلىۋاتقانـــدەك ئىـــدى. ئـــاخىرى چىدىمىـــدىم. يىغـــا ئـــارىلاش ئـــادەملەر چۈشـــىنەر ـ چۈشـــەنمەس دەرىجىـــدە ئابـــدۇللاھقا سۆزلەشـــكە باشـــلىدىم. «كاشـــكى مەن سىــنىڭ ئورنۇڭــدا بولغــان بولــسام! كاشــكى ســەن تاپقــان شــەرەپلىك ئۆلــۈمنى مەن تاپــسام! كاشــكى مەنمــۇ ســەن پەرۋەردىگارىڭغــا يولۇققانــدەك يولۇقـــسام.... ئـــي ئـــاللاھ! مېنىمـــۇ شـــۇ بەنـــدەڭگە نېـــسىپ قىلغـــان ئەزىزلىــك ئۆلــۈمى بىــلەن مۇكاپــاتلىغىن، مېنىمــۇ شــۇنداق هۆرمەتلىــك قىلغىن، ئي ئاللاھ!

بولـــدى، ئـــۆزۈمنى قولۇمغـــا ئېلىـــشىم كېـــرەك، ئـــۆزۈڭنى تۇتـــۇۋال دېدىم ـ دە، ئۆزۈمنى بېسىشقا باشلىدىم.

«ئاللاھ رازى بولسۇن، جاسارەتلىك يىگىت ئىدى. كاپىرلار مۆكۈنۈۋېلىشقان ئۆيگە ئۆزىلا ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى، مېنىڭ جۈرئىتىم يەتمىگەنىدى» دېدى مۇجاھىدلارنىڭ بىرى. «ئىچكىرىدىكى كاپىرلاردىن 4 نى ئۆلتۈرۈپتۇ» دېدى باشقا بىرى. شۇ پەيتتە ئەتراپنى يېقىملىق خۇشبۇي پۇراق قاپلاپ كەتتى. بۇ پۇراق ئابدۇللاھنىڭ قېنىدىن كېلىۋاتاتتى. ئەتراپتىكىلەر بۇ يېقىملىق پۇراقتىن ھەيران بولۇشاتتى. مەنمۇ ھاياتىمدا پۇراپ باقمىغان بۇ پۇراقنى ئەينەن شەھىدنىڭ قېنىدىن كېلىۋاتقىنىنى يېقىندىن كۆردۈم. نېمىدېگەن خۇشپۇراق ھە! بۇ يەردىكىلەرنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئالدىدىكى دۈشمەن تەرەپكە 100-150 مېتىر يىراققا كەتكەن مۇجاھىدلارنىڭ بىرى قايتىپ كەلدى-دە «شەھىد بولدىمۇ؟ ئابدۇللاھ شەھىد بولدىمۇ؟» سوراشقا باشلىدى. سوئالغا «ھەئە» دېگەن جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇ جايدا تۇرۇپ سىلەر ھازىر پۇراپ تۇرغان بۇ خۇشپۇراقنى پۇرىدۇق. بۇ پۇراق بىز تۇرغان جايغىمۇ خۇددى مۇشۇنداق يېتىپ تۇرۇپتۇ» دېدى، ھەيرانلىق بىلەن. «بۇ، ئاللاھنىڭ ئەزىز بولغان بەندىلىرىگە مېھرىبانلىقى» دېدى، جەك ئەمىرى. «باشقا ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار ۋاپات بولسا، ئۇلاردىن بۇنداق پۇراق كەلمەيدۇ، ئاجايىپ، ماشائاللاھ! شەكسىز!»، دېدى يەنە بىراۋ. «پەقەت شەھىدلەرنىڭ قېنىدىن بۇ پۇراقلارنى تاپقانمەن. ھېچبىر ئەتىر، ئەمبەر بۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەسە كېرەك، كېلىڭلار دۇئا قىلايلى!» دېدى ئىچىمىزدىكى ئەڭ قېرى مۇجاھىد.

«ئاللاھ بۇ بەندىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈپ، پىردەۋس شېھىدلىرىدىن قىلسۇن، بىزلەرنىمۇ ئالى شەھىدلەر قاتارىدىن قىلسۇن. ئامىن!» بىزمۇ دۇئا قىلىشتۇق. ئاقساقال مۇجاھىد ھېلىقى

جاراھەتلىرىدىن قېنى ئاستا ئېقىپ تۇرغان ئابدۇللاھنىڭ يۈزىنى ئۆزىنىڭ قولىدىكى بىر رەخت بىلەن يېپىپ قويدى.

(2)

مۇجاھىد ئابدۇمالىك

قوشنا بالا ئالدىراپ چىقىپ بوۋىسىنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلاشقىنىنى، ئۆيدە ھېچكىم يوقلىقىنى ئېيتتى. ئارقىدىن يۈگۈردۈم. كىرسەم 90 غا يېقىنلىشىپ قالغان قۇربان ئاتا تورۇسقا قاراپ پىخىلداپ ئېغىر نەپەس ئېلىپ يېتىپتۇ. ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان كېسەل، بىر قولى پالەچ، قان بېسىمى يۇقىرى، يۈرىكى ئاجىز ئىدى. «دوختۇر چاقىرايمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ سىلكىدى. بىمارنىڭ رەڭگى ھەرقاچانكىدىن ئاقارغان، كۆزلىرىدىن نۇر كەتكەن.

ئەھۋالنى چۈشىنىپ ئاستا ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتىشقا باشلىدىم. ئۇ ئاتا پەرۋا قىلماستىن ئېغىر نەپەس ئالاتتى. ئارىدا تىنىماي «مېھرىسىز» «ناقابىل» ئوغۇللىرىنى قارغاپ تىللايتتى. قۇربان ئاتىنىڭ يامان پېئىللىقى، تاش باغىرلىقى، ئاغزى يامانلىقى سەۋەبلىك پەرزەنتلىرىنىڭ كىرىپ-چىقىشى كېمەيگىنى توغرا. ئۆمۈر بويى گاھ مال بازىرىدا دەللال، گاھ قاسساپچىلىق قىلغان قۇربان ئاتا قىرىغاندىمۇ ئوڭشالمىدى. پېشانىسى سەجدە كۆرمەي ئاللاھنى پەقەت بېشىغا كۈن چۈشكەندىلا ئەسلىدى. ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا جان تەسلىم قىلىۋېتىپ ئاغزىدىن چىققان ئاخىرقى سۆزى «ھۇ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئەبلەخلەر» بولدى.

(3)

شەھەر كوچىلىرى بىرىدە ئاپتوموبىل ۋەقەسى يۈز بەردى. ياشقىنا شوپۇر يىگىت بىرەر نەرسىگە بەند بولۇپ قالدىمۇ ياكى ماشىنىنى باشقۇرالماي قالدىمۇ، يول چېتىدىكى بىتۇن ئۇستۇلبىغا بېرىپ

ئۇرۇلۇپتۇ. يولۇچىلار دەرھال يەردەمگە ئالدىراشتى. قىسىلىپ قالغان رول ئارىسىدىن يىگىتنى ئاران سۇغۇرۇپ ئېلىشتى. نېمىلەرنىدۇ دەپ پىچىرلاۋاتقان شوپۇر يەرگە ياتقۇزۇشى بىلەن جېنى ئۈزۈلدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئۆزىنى ئالغۇدىن چىقىۋاتقان «نەلەردىدۇر سەن سەنەمگىنە» دېگەن جۈملىلەر بولدى.

# سوئال ؟ ؟ ؟

قېنى، سىز قانچە ئۇزاق ياشاشنى خالىسىڭىزمۇ ئۆلۈم دەل ۋاقتىدا سىزنى تاپىدۇ. سىز قايسى خىل ئۆلۈمدە ئۆلۈشنى تاللايسىز؟

2006/11/27

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات مەركىزى
2007/05/01
1428/04/14

www. tipislamyultuzi. com
Email: tipislamawazi@yahoo. com
tipawazi@gmail. com